ئىنقىلابىي مۇقەددەس جاي يەنئەن مۇتلەق نامراتلىق بىلەن خوشلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن، 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار شېن خۇڭبىڭ، لياڭ جۈەن، چېن چېن) شەنشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يەنئەن شەھرىنىڭ يەنچۈەن، يېچۈەندىن ئىبارەت ئىككى ناھىيەسىنىڭ نامرات ناھىيە قاتارىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ، ئىنقىلابىي مۇقەددەس جاي يەنئەندىكى نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ «نامراتلىق قالپىقى»نى چۆرۈپ تاشلىغانلىقىدىن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇتلەق نامراتلىق بىلەن خوشلىشىپ، 2 مىليون 260 مىڭ كونا ئىنقىلابىي رايون خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ئاتلىنىدىغان يېڭى تۇرمۇشنى باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«يەنئەننىڭ مۇتلەق نامراتلىق بىلەن خوشلىشىشى تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىشقا ئەرزىيدىغان چوڭ ئىش!» يەنئەن داشۆسى ماركسىزم شۆيۈەنىنىڭ ئىجرائىيە باشلىقى تەن خۇۋا مۇنداق دېدى: ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ خەلقنى يېتەكلەپ داۋاملىق كۈرەش قىلىشى يەنئەندە چېچەكلەپ مېۋە بەردى.

يەنئەن سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، جىلغىلار گىرەلىشىپ كەتكەن، ئېكولوگىيەسى ئاجىز، تارىختا ئىنتايىن نامرات ئىدى. ئامېرىكا مۇخبىرى ئېدگار سنو «غەربكە سەپەر خاتىرىسى»دە، ئىلگىرى بۇ يەرنى «مەن جۇڭگودا كۆرگەن ئەڭ نامرات رايونلارنىڭ بىرى» دەپ تەسۋىرلىگەن.

84 يىل ئىلگىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىمالىي شەنشىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، بىر قاتار ئۇلۇغ ئىزدىنىشلەرنى باشلىدى، يەنئەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددەس جايىغا ئايلاندى. ھەيۋەتلىك باۋتاشەن تېغى، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان يەنخې دەرياسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مۇساپىسىگە گۇۋاھ بولدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باھار شامىلى يەنئەنگە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنئەننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا، تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىگە چەكسىز غەمخورلۇق قىلدى. يېقىنقى تۆت يىلدىن بۇيان، مەركەز ۋە ھەر دەرىجىلىك مالىيە يەنئەنگە 6 مىليارد 250 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى سېلىپ، شۇ جاينىڭ مۇتلەق نامراتلىق بىلەن خوشلىشىش قەدىمىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، يەنئەندىكى كادىرلار، ئامما ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ، «ھەممە كەنت قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇش، ھەممە ئائىلە قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇش» تەلىپى بويىچە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى باشلىدى. كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئېكولوگىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق «سەككىز بىر تۈركۈم» قۇرۇلۇشنى دەل جايىدا ئالغا سىلجىتىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كەنت، ئائىلە، ئادەمگە قاراپ تەدبىر قوللىنىپ، 1784 نەپەر 1 ـ شۇجى، كەنتتە تۇرۇشلۇق 1546 خىزمەت ئەترىتى، 37 مىڭ 400 كادىرنى كەنتلەرگە بېرىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنى تېز يېتىشتۈردى... بىر قاتار پۇختا، كۈچلۈك تەدبىرلەر باۋتاشەن تېغى ئېتىكىنى يېڭى قىياپەتكە كىرگۈزدى.

بۈگۈنكى يەنئەندە نامرات ئاھالىلەرنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يېزىلارنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئاساسىي كۆنسېرى پۇختىلاندى. كونا ئىنقىلابىي رايوندىكى خەلق كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچ ئۇلاپ كۈرەش قىلماقتا.

ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل تۇنجى تۈركۈمدىكى مەركەز خامچوتى ئىچىدىن نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش پىلانىنى چۈشۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى، كونا ئۆيلەرنى چېقىش ھەم بوز يەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يېشىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، «13 ـ بەش يىل»لىق نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى قەتئىي ئورۇنداش؛ كەنت، ئائىلە، ئادەمگە قاراپ تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، داۋاملاشما يۆلەش كەسىپلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەش خىزمىتىنى قەتئىي چىڭ تۇتۇپ، كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈش؛ سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش؛ يانداش ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى مۇلازىمەتنى باراۋەرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ماكانلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ كۆچۈرۈپ ماكانلاشتۇرۇش رايونلىرىدىكى جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەھەللىگە سىڭىششىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بىر تۈرلۈك مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ھەرقايسى جايلاردىن ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرتىپىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، قۇرۇلۇشنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشنى، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشنى، پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پۈتۈن جەرياننى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، مەركەز خامچوتى ئىچىدىن مەبلەغ سېلىشتا ئىشنىڭ جەريانىدىكى ۋە ئىشتىن كېيىنكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتى سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى 2019 ـ يىللىق 1 ـ قارارلىق مەخسۇس تېمىدا تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇش باشلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، ئۆگىنىش، تەپەككۇر قىلىش، ئىشلىتىشنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىلىش، ئىشىنىش، قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى باش نىشانى زىچ چۆرىدەپ پىلانلاشى، ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ۋەكىللىك ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، ۋەكىللىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تەشەببۇسى، دۆلەتنىڭ ئىرادىسى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى سۆھبەتلىشىشنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلىشى كېرەك. مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ رايى، خەلقنىڭ ساداسى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەكىللەر تەكلىپى ياكى تەۋسىيەسىنى شەكىللەندۈرۈشى ياكى مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى شەكلىدە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەتقىق قىلىپ پايدىلىنىشىغا تەمىنلەپ بېرىشى كېرەك.

1 ـ قارارلىق تەربىيەلەش كۇرسىغا جەمئىي 131 نەپەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى قاتناشتى. كۇرستا ۋەكىللەر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرىدۇ.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈمىڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالتاي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ سابىق ئەزاسى، دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى سابىق ئەزاسى قۇئانبېك سانىياز ئالتاي شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بولغانلىقتىن، پارتىيەدىن قوغلاش، خىزمەتتىن ھەيدەش جازاسى بېرىلىپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە چېتىشلىق مەسىلىسى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى؛

......

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق چىرىكلىكى ۋە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بولغانلىقىغا ئائىت ئون تىپىك دېلونى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ئاشكارىلىدى، كادىرلار، ئامما بۇنى ئالقىشلاپ، بەس ـ بەستە ماختىدى.

مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 ـ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلىشىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىگە قويۇپ، مەسئۇلىيەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشتىكى «مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇش، مۇھاپىزەت كۈنلۈكىگە زەربە بېرىش»نىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك چاقماقتەك ھۇجۇمىنى قوزغىدى.

يىلاننى ئۇرغاندا ئەجەللىك يېرىگە ئۇرۇش، دەرەخ كولىغاندا ئاۋۋال يىلتىزىدىن كولاش كېرەك. قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئەجەللىك يېرى دەل «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» يوقىتىلمىسا، قارا، رەزىل كۈچلەرنى پاكىز يوقاتقىلى بولمايدۇ. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىققا تارتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىپ، ئاممىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق چىرىكلىك ۋە ‹مۇھاپىزەت كۈنلۈكى› مەسىلىسىنى مەركەزلىك تۈزەش توغرىسىدىكى خىزمەت لايىھەسى»نى تۈزۈپ بېسىپ تارقىتىپ، «مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇش، مۇھاپىزەت كۈنلۈكىگە زەربە بېرىش»تىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئاشكارا قارا، رەزىل كۈچلەرگە زەربە بېرىشنىڭ يوشۇرۇن قارا، رەزىل كۈچلەر ۋە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»نى چوڭقۇر قېزىش، ئۈزۈل ـ كېسىل تەكشۈرۈشكە كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى بۇيرۇق بېرىلگەن ھامان دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق مەسىلىسىنى ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدە بايقالغان «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» مەسىلىسىگە ئائىت يىپ ئۇچلىرىنى ئاۋۋال بىر تەرەپ قىلدى، ئاخىرغىچە تەكشۈرۈپ، قەتئىي يول قويماي، دەل جايىدا زەربە بېرىش، تەلتۆكۈس يوقىتىش، پاكىز تازىلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا جەزمەن قاتتىق بولۇش، قارا، رەزىل كۈچلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىشنىڭ كۈچلۈك سىگنالىنى سىجىل تارقىتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنى كۈچلۈك ئىنتىزام كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پارتىيەلىك كادىرلار ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق چىرىكلىك، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بولۇش مەسىلىسىگە دائىر يىپ ئۇچلىرىنى «تېگى ـ تەكتىدىن تەكشۈرۈش» ئېلىپ باردى؛ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى سودا سارايلىرى، تاللا بازارلىرى، كىشىلەر كۆپ توپلىشىدىغان سورۇنلار ۋە پۈتۈن ئوبلاستتىكى 389 كەنت، ئەترەت(مەھەللە)تە قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى پاش قىلىش تېلېفونىنى ئېلان قىلدى... ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پاش قىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئەرزىيەت كۆزنىكى ۋە 12388 قىزىق لىنىيەسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەسپ ئىستىلى قىزىق لىنىيەسى، تور بېكىتى، يان تېلېفون تېرمىنالى قاتارلىق پاش قىلىش سۇپىلىرىدىن پايدىلىنىپ، يېزىغا چۈشۈپ ئەرزىيەت قوبۇل قىلىش، بىرىنچى سەپتە ئائىلىگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، مەسىلە يىپ ئۇچى مەنبەسىنى كېڭەيتىپ، يىپ ئۇچىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىنى ساقلاشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئۆزگەرتىپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق چىرىكلىك ھەم «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» مەسىلىسىگە دائىر يىپ ئۇچلىرىنى توپلاش، كۈندىلىك نازارەت قىلىش ۋە يىپ ئۇچىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىدىغان، چىرىكلىكنى جازالاپ «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»گە زەربە بېرىدىغان بىر مەيدان خەلق ئۇرۇشىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق چىرىكلىك ۋە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» مەسىلىسىگە دائىر يىپ ئۇچىدىن 282نى قوبۇل قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن خىزمەتلەرنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، مەسلىھەتلىشىپ، ئۇچۇردىن ھەمبەھرلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسىلە يىپ ئۇچىنى تېزلىكتە تاپشۇرۇپ قايتما ئىنكاس بېرىش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قارا كۈچلەرگە، رەزىل كۈچلەرگە چېتىلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلە يىپ ئۇچىنى بىۋاستە تەكشۈرۈپ، بىۋاستە بېجىرىپ، ۋىۋىسكا ئېسىپ بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ بېجىرىپ، مەسىلە يىپ ئۇچىنى تەكشۈرۈپ بېجىرىشتىكى «توسۇق»نى ئاچتى. 2018 ـ يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ۋىۋىسكا ئېسىپ بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلغان مۇھىم، زور تىپىك قارا، رەزىل كۈچلەر شايكىسى دېلولىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى چىرىكلىككە چېتىلىدىغان ۋە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» مەسىلىسىگە دائىر يىپ ئۇچلىرىغا قارىتا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرىنىڭ ئەۋزەل كۈچلەرنى توپلاپ، چوڭقۇر قېزىپ ئۈزۈل ـ كېسىل تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلولارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، چوڭقۇر قېزىپ لىنىيەنى كېڭەيتىپ، بىرمۇبىر تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئارقىسىدىكى «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» «پەردە ئارقىسىدىكى كۈشكۈرتكۈچى» ۋە «ئىككى يۈزلىمىچى»لەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى؛ سانجى شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 2018 ـ يىلدىن بۇيان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى تەھقىقلەپ بېجىرگەن قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق 11 دېلونى دېلوغىچە، ئادەمگىچە تەپسىلىي «قايتا قاراپ چىقىپ»، ھېچقانداق يىپ ئۇچىنى قويۇۋەتمەي، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»نىڭ توردىن چۈشۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ساقلاندى؛ كورلا شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش بىلەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، ئاساسىي قاتلامدىكى «چىۋىنگە زەربە بېرىش»نى بىرلەشتۈرۈپ، دىققەتنى قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئارقىسىدىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇناسىۋەت تورى ۋە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»نى قاتتىق تەكشۈرۈپ، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ھەمدە فۇنكسىيەلىك تارماقلارنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ياندۇرۇپ سۈرۈشتۈردى.

بېسىم سىجىل قاتلاممۇقاتلام يەتكۈزۈلدى، مەسئۇلىيەت چىڭىتىلدى. نۇقتىنى تۇتاشتۇرۇپ دېلونى ھۆددىگە ئېلىش مېخانىزمى ئورنىتىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ يەتتە نەپەر بەنزە ئەزاسى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنى بۆلەككە بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىپ، 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە ئەترەت باشلاپ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجراسى، جاۋابكارلىققا تارتىش ئەھۋالىغا قارىتا نەق مەيداندا نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلدى، تەكشۈردى، ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق چىرىكلىك ۋە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» مەسىلىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەشنى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، مەسىلە يىپ ئۇچلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى، دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى ھەمدە مەسئۇلىيەتنىڭ جايىدا ئەمەلىيلەشكەن ـ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈشنى بىلمىگەنلەرگە نۇقتىلىق پىكىر يولى، چارە ئۆگەتتى: تەكشۈرۈشنى خالىمىغانلارنى سۆھبەتكە چاقىرتىپ ئاگاھلاندۇردى، تەنقىدىي تەربىيە بەردى؛ تەكشۈرۈشكە پېتىنالمىغانلار، مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالالمىغانلار، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغانلار، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ زەربە بەرمىگەنلەر، ۋەزىپىسىنى، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغانلارنىڭ قەتئىي تۈردە مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىپ جاۋابكارلىققا تارتتى. ئىلى ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، باشلامچى بولۇپ نۇقتىنى تۇتاشتۇرۇپ دېلو ھۆددىگە ئالدى.

ئىگىلىنىشچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى بويىچە نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىققا تارتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، چىرىكلىكنى جازالاپ «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»گە زەربە بېرىشتە ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلگەن. 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچىلا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى يېڭىدىن 39 دېلو تۇرغۇزۇپ، 13 ئادەمگە ئېلىپ قېلىش تەدبىرى قوللانغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: تۆت بەتلىك 0.5 يۈەن، سەككىز بەتلىك بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)